# بىر كېچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۇغۇنۇمدا، ئۇ سۈرە بەقەرەنى باشلىدى

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر كېچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن ناماز ئوقۇۇغۇنۇمدا، ئۇ سۈرە بەقەرەنى باشلىدى، يۈز ئايەتتە رۇكۇ قىلا دەپ ئويلىسام، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن سۈرە بەقەرەنى ئوقۇپ رۇكۇ قىلا دېسەم، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ، سۈرە نىسانى باشلىدى، ئۇنىمۇ تۈگىتىپ، ئال-ئىمراننى باشلاپ ئۇنىمۇ تۈگەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئايەتلەرنى ئالدىرىماي (يەنى تەرتىل بىلەن) ئوقۇۋىتتى، تەسبىھ بار ئايەتتىن ئۆتسە، تەسبىھ ئېيتاتتى، ئىلتىجا بار ئايەتتىن ئۆتسە، ئىلتىجا قىلاتتى، پاناھ تەلەپ قىلىش ئايىتىدىن ئۆتسە، پاناھ تەلەپ قىلاتتى، ئاندىن رۇكۇ قىلىپ: سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم (بۈيۈك رەببىم بارلىق ئەيىب-نۇقسانىدىن پاكتۇر) دېگەن زىكىرنى باشلىدى ۋە رۇكۇدىمۇ خۇددى قىيامدا تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇردى، ئاندىن: سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە (ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ھەمدى ئېيتقان كىشىنى ئاڭلايدۇ)، رەببەنا لەكەلھەمدۇ (ئى رەببىمىز! بارلىق ھەمدۇ-سانا ساڭا خاستۇر)، دەپ رۇكۇدا تۇرغاندەك (ئۇزۇن ۋاقىت) ئۆرە تۇردى. ئاندىن سەجدە قىلىپ: سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا (ئۇلۇغ رەببىم بارلىق ئەيىبتىن پاكتۇر)، دېگەن زىكىرنى باشلىدى ۋە (سەجدىدە) خۇددى قىيامدا تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇردى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھۇزەيفە بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىقتىدا قىلىپ تەھەججۇد نامىزىغا تۇردى، رەسۇلۇللاھ بىرىنچى رەكەتكە سۈرە بەقەرە، سۈرە نىسا ۋە ئال-ئىمراننى ئوقۇپ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇدى، قىرائەت ئارلىقىدا سوئال ئايىتىدىن ئۆتكەندە ئاللاھ تائالادىن سورايتتى، تەسبىھ ئايەتلىرىدىن ئۆتكەندە تەسبىھ ئېيتاتتى، پاناھ تىلەش ئايەتلىرىدىن ئۆتكەندە پاناھ تىلەيتتى، نامىزىنىڭ رۇكۇسى قىيامغا ئوخشاش، سەجدىسىمۇ رۇكۇسىغا ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا بىر-بىرىگە ماس ئىدى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee